## 486 ـ ئىسلامدا دىنى تەبرىكلەشلەر

**سۇئال**

ئىسلامدىكى دىنى تەبرىكلەشلەر ۋە بايراملارنى بىلمەكچىدىم .

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت ئىككىلا بايرام بار : رامىزاندىن كىيىنكى روزا ھېيت ، ۋە چوڭ ھەج كۈنىدىكى قۇربان ھېيت ، بىز بۇ ئىككى بايرامدا ئۆزئارا تەبرىكلىشىمىز ، خۇشاللىقنى كىڭەيتىمىز ھەمدە بالا ـ چاقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز . بىراق ئەڭ مۇھىمى ، بىز ئاللاھنىڭ نىئمەتلىرىنى تەكبىرۋە تەھلىيل (لائىلاھە ئىللەلاھ دىيىش) بىلەن ياد ئېتىمىز ، ۋە ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇيمىز .

ھەمدە بىزنىڭ بۇ ئىككى بايرامدىن باشقا يىلنىڭ مۇئەييەن كۈنلىرىنى تەبرىكلەش كۈنىمىز يوق .

ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام شەرىئىتى مۇۋاپىق تەبرىكلەشكە بۇيرىغان خۇشاللىق مۇناسىۋەتلەر بار ، مەسىلەن ، توي بولغاندا ياكى بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاھىدە تائامغا يىغىلىش . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ كۈنلەر يىلدىكى مۇئەييەن كۈنلەرگە خاس قىلىنمىغان ؛ بەلكى ئۇلار مۇسۇلمانىنىڭ ھايات باسقۇچىدا يۈز بەرگەندە تەبرىكلىنىدۇ .